# مەن دادامنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيمەن

ئەسەر ئاپتورى : ئۆمەر مۇھەممەت

ئەڭ ياخشى دەرسخانا چ چ توپى،
ئېلكىتاب قىلىپ تارقاتتى.

# مەن دادامنىڭ ئۆلۈمنى تىلەيمەن

بۈگۈن چارچاپ قالدىممۇ ئەيتاۋۇر ئۇيقۇملا كېلىپ تۇراتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كارۋىتىمغا چىقىپ ئۇخلاشقا خوش ياقماي، مۈگدەپ ئولتۇرسام. ئىشىكنىڭ قوڭغۇرقى مېنى چۆچۈتۈپ ئويغۇتىۋەتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشكىنى ئاچتىم، 21 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت كۆرۈنۈش ئۈچۈن قولىنى تەڭلەپ تۇرۇپ .

ـــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئاكا قانداق ئەھۋالىڭىز ؟

ـــ . دېدى .

ـــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ياخشى..! ئۆزىڭىزچۇ؟

ـــ. دېدىم .

يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ،

ـــ ياخشى ئاكا، سىزدىن ئازراق سورايدىغان گەپلىرىم بار ئىدى. ۋاقتىڭىز بارمىدۇ ؟ ـــ دېدى.

ـــ ھە.... ئەلۋەتتە ۋاقتىم بار، قېنى ئۆيگە

كىرىك. ـــ دەپ ئۆيگە باشلاپ كىردىم. ھەمدە ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ چاي دەملەپ چىقتىم.
ـــ ئىسمىڭىز نېمە ؟ مېنى نېمە سەۋەب بىلەن ئىزدەپ كېلىپ قالدىڭىز ؟ ـــ دېدىم پىيالىگە چاي قۇيغاچ .
ـــ ئىسمىم تاھىرجان .سىزنى پىسخىك مەسلىھەتچىسكەن دەپ ئاڭلاپ، بىر دوستىڭىزدىن ئۆيىڭىزنى سوراپ، مەسلىھەت سوراي دەپ كەلگەنتىم . ـــ دېدى.
ـــ تاھىرجان ئۇكام قايسى ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سورماقچى .ـــ دېدىم پىيالىدىكى چاينى قولۇمغا ئېلىپ تۇرۇپ.
ـــ ئاكا .... مەن دادام بالدۇراق ئۆلىسكەن دەيدىغان بولۇپ قالدىم. ـــ دېدى.
بۇ گەپنى ئاڭلاپ قولۇمدىكى پىيالە چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى، ھەمدە بۇ گەپكە ھەيران

قىلىپ .

— ئۆكام، ساقمۇ سىز ؟ نېمىشقا دادىڭىزنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەيسىز ؟ نېملا دېگەن بىلەن ئۇ سىزنىڭ دادىڭىز، ئۇنداق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ.

— دېدىم.

يىگىت بىردەم يەرگە قاراپ تۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۆكسۈپ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئاكا مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىشىم خاتا، لېكىن مەن كىچىكىمدىن دادامنىڭ، مېنى ئەركىلەتكىنىنى بىلمەيمەن، ھېچ بولمىسا سىلىق مۇئامىلە قىلمايدۇ. مەن كىچىك ۋاقتىمدا، دادام بىرەر يەردىن كەلسە ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارسام مېنى ھاقارەتلەيدۇ. مەن چوڭ بولغانسېرى دادامنىڭ ئۇرۇپ -تىللاشلىرىغا پەقەت كۆنەلمىدىم. دوستلۇرۇم ئالدىدا مېنى چۈشۈرۈپ، ھاقارەتلەيدۇ، دوستلىرىم بىلەنمۇ پاراڭلاشقىنى قويمايدۇ.

مۇلايىملىق بىلەن، « دادا ماۋۇ ئىشنى، مۇنداق قىلساق بولامۇ ؟ » دەپ پىكىر قىلسام، مېنى سىلكىپ ھاقارەتلەيدۇ.
ئۇنىڭ ئۇستىگە يېقىندا ئۆيلەندىم،
ئۆيلەنگەندىكىن ئەمدى سەل ئوڭشىلىپ قالار دېسەم، تېخمۇ ئەسكىرىشىپ. ئايالىمنىڭ ئالدىدا مېنى ھاقارەتلەپ ئۇرۇدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئايالىمۇ مېنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالدى .ئىشقا بۇيرىسام قىلمايدۇ. دادام بولسا ئايالىڭنى گەپكە كىرگۈزەلمىگەيسەن دەپ مېنى سەت ھاقارەتلەيدۇ.
كىچىكىمدىن ئۇۋالچىلىقتا كۆپ ئۇچرىغانلىقتىنمىكىن، مەن پەقەت كىشىلەرگە ئازار بەرمەيمەن. ھەمدە ئازار بېرىشنىمۇ خالىمايمەن. شۇڭا مەن مۇشۇ ئىدىيەگە كېلىپ قالدىم. ــ دېدى.
مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ،

ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم.
ــ ئۇكام دادىڭىزنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بېرىڭ، مەن دادىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي .ــ دېدىم .ئۇ چاققانلىق بىلەن .
ــ بىلىمەن، بىلىمەن .ــ دەپ، دادىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى دەپ بەردى.
ــ ئەمسە سىز بۇگۈن قايتىقاچ تۇرۇڭ، مەن ئەتە دادىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي.ــ دېدىم.
ئەتىسى مەن ئۇ تاھىرنىڭ دادىسىغا تېلېفون قىلدىم .
ــ ۋەي ئەسسالامۇئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋاللىرى؟ ئۆزلىرى تاھىرجاننىڭ دادىسى بولاملا ؟ ــ دەپ سورۇدۇم.
ــ ھەئە ...! مەن تاھىرجاننىڭ دادىسى، ئۆزلىرى كىم بولىلا ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ مەن تاھىرجاننىڭ دوستى، سىلى بىلەن

كۆرىشىدىغان ئىش بىلەن تېلېفون قىلغان ئىدىم
. ــ دېدىم.
ــ ھە .... بولىدۇ - بولىدۇ. قېنى سۆزلىسىلە. ــ
دېدى مۇلايىملىق بىلەن.
تاھىرجاننىڭ سۆزىدىن مەن بۇ ئادەمنىڭ تەرسالىق
مىجەزىنىڭ بارلىقىنى سەزگەن ئىدىم. شۇڭا مەن
بۇ ئادەمنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ سۆز ئاچتىم.
ــ مەن بىر ئاددىي پىسخىكا ئوقۇتقۇچىسى،
ئۆتكەندە مەن تاھىرجان بىلەن ئازراق پاراڭلاشقان
ئىدۇق. تاھىرجاننىڭ سۆزىدىن سىلىنىڭ
پەرزەنتلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەنلا،
سىلىدەك پەرزەنتىگە بۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغان
ئادەم بەك ئاز. ئەمدى ھەممە ئاتا -ئانا
پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسىدە ياراملىق ۋاپادار ئادەم
بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا سىلى بىلەن
ئازراق پىكىرلىشىدىغان ئىش بىلەن تېلېفون

قىلىشىم. ــ دېدىم. ئۇ ئادەم سۆزلىرىمدىن قايىل بولغاندەك، كۈلۈپ تۇرۇپ.
ــ ھە ئومدان بولۇپتۇ، قېنى سۆزلىسىلە ئۇكام .ــ دېدى.
ــ ۋاقتىلىرى چىقاس بىز كۆرۈشۈپ پاراڭلاشساق بولامدۇ ؟ ــ دېدىم.
ــ ھە بولىدۇ، بىزنىڭ دۇكانغىلا كەلسىلە. ــ دېدى. ھەمدە دۇكان ئادرېسىنى دەپ بەردى.
ئەتىسى چۈش ۋاقتى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ دۇنىغا باردىم . بىز ئەھۋال سورۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاللابۇرۇن دەملەپ قويغان چەينەكتىكى چايدىن بىر پىيالە قۇيۇپ ماڭا سۇندى. پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلىۋېتىپ، گەپ باشلىدىم.
ــ ئاكا تاھىرجان سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە قانداقراق بالا ؟ ــ دەپ سورۇشۇم بىلەن، بۇ ئادەم تاھىرجاننىڭ يامان تەرەپلىرىنى سۆزلەشكە

باشلىدى. مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، بۇ ئادەمنىڭ ئۆچىغا چىققان تەرسا ئىكەنلىكىنى بايقاپ، نېمە دېسە توغرا، سىلىنىڭ راست دەپلا تۇردۇم.

ئاخىرى بۇ ئادەم سۆزلەشتىن توختىدى.

ــ سىلى ھەقىقەتەن پەرزەنتلىرىگە ئاللاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەنلا، سىلىدەك ئادەم ھازىرقى جەمئىيەتىمىزدە كەم ئۇچرايدۇ. ــ دەپ ئازراق ماختاپ قويغاندىن كېيىن. يالغان ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەشكەن باشلىدىم.

ــ مەن سىلىگە بىر قىسقىغىنا ھېكايىدىن بىرنى سۆزلەپ بېرەي. بۇرۇن بىر ئادەمنىڭ يالغۇز ئوغلى بار ئىكەن، ئۇ ئادەم كۈندە بالىسىنى ھاقارەتلەپ، كەمسىتىپ، ئۇرىدىكەن. ئۇ بالا كىچىكىدىن دادىسىنىڭ مېھرىگە قىلچىلىك ئېرىشەلمىگەچكە، ئۇ بالىنىڭمۇ دادىسىغا قىلچىلىك مېھرى چۈشمەپتۇ. ئۇ بالىنىڭ دادىسى كۈندە مۇشۇنداق

ئۆرۈپ -تىللاپ ئۆتكەچكە بالىسى، دادىسى، دائىم ئۆلىسكەن دەپ قارغايدىكەن. ئەمدى بۇ ھېكايىدىن سىلى نېمىنى چۈشەنلە، گۇناھ بالىدا بارمىكەن ياكى دادىسىمۇ ؟ ــ دەپ سورۇدۇم.
ــ ئۇ بالىنىڭ دادىسى بەكلا رەھىمسىز ئەسكى ئىكەن، ھەي شۇنداقمۇ دادا بولامدۇ باللىرىغان قىلچىلىك مېھىر بەرمەيدىغان. ئۇ بالىنىڭ دادىسىنى ئۆلسۇن دېگىنى توغرا ئىكەن. ــ دېدى.
مەن يوقارقى ھېكايە ئارقىلىق بۇ ئادەمنىڭ گۇناھىنى ئۆزىگە تونۇتۇش مەقسىتىدە سۆزلىگەن ئىدىم. قارسام بۇ ئادەم يەنە ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇماي، باشقىلار ئۇچۇن سوت ئېچىشقا ماھىر ئىكەنلىكىنى بىلدىم.
ــ ئەگەر سىز شۇ بالىنىڭ ئورنىدا بولسىڭىز سىزمۇ شۇنداق ئىدىيەگە كېلەمتىڭىز ؟ ــ دېدىم.
ــ ئەلۋەتتە، بىگۇناھ بالىنى ئۇنداق قىيناش

ياخشى ئەمەسدە . ـــ دېدى.
ـــ ئەمسە سىزمۇ تاھىرجانغا ھەقىقىي مېھر بېرىپ باقتىڭىزمۇ ؟ ـــ دېدىم. ئۇ ئادەم بۇ سوئالىمدىن جىمىپلا قالدى.
ـــ راست دەيسىز، مەن ئوغلۇمغا بىر دادىنىڭ مېھرىنى بېرەلمىدىم، لېكىن مېنىڭمۇ ئويلىغۇنۇم بار. ـــ دېدى.
ـــ نېمە ئۈچۈن تاھىرجانغا بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىسىز ؟ بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمۇ ؟ ـــ دېدىم.
ـــ بۇرۇن بىزنىڭ بىر قوشنىمىز بولىدىغان. ئۇنىڭ بەش قىزى، بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار يالغۇز ئوغۇل دەپ بەك ئەتىۋارلاپ باقاتتى. ئۇ چوڭ بولۇپ ئاتا -ئانىسىنى ئۇرۇپ تىللايدىغان بولىۋالغان ئىدى. مەن ئوغلۇمنى شۇنداق بولۇپ قالمىسۇن دەپ كىچىكىدىن مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلدىم.

بۇرۇندىن قوپال مۇئامىلە قىلغاچقىمىكىن، ئۇنى كۆرسەملا ئاچچىقىم كېلىدىغان، قىلغان ئىشلىرى ماڭا يارىمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىدە مەن ئوغلۇمغا قوپال مۇئامىلە قىلىۋەرگەچكە، ئوغلۇمدىن رايىم سويۇپ قاپتۇ. ــ دېدى.
ــ ئاكا ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ھەرقانداق ئىشنىڭ ئىشىپ كەتكىنى زىيانلىق، سىز زىيادە ئەركىلەتسىڭىزمۇ بولمايدۇ. ئەركىلەتمىدىم دەپ بۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلسىڭىزمۇ بولمايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق قوپال مۇئامىلە قىلىۋەرسىڭىز تاھىرجان سىزگە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. ھەتتا سىز قورقان ئىش يۈز بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ــ دېدىم.
ئۇ ئادەم قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلغاندەك، بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ، مېنىڭ خوشلىشىپ ماڭغىنىمنىمۇ سەزمەي ئولتۇرۇپ قالدى.